www.kitaphumar.com

# بىر ئۇيغۇرنىڭ ۋاڭ داخاۋغا يازغان تەنقىدى

بوزقىر تەرجىمىسى

ۋاڭ داخاۋنىڭ ئىلاۋىسى :

بىر ئۇيغۇر تورداش ئۆندىدارىم (wdhlyl) غا بىر پارچە خەت يوللاپ ، مېنىڭ ماقالىلىرىمنى ھە دېگەندە ئۇدۇللا تەنقىتلەپتۇ. مەن ئىلگىرىمۇ خېلى كۆپ خەنزۇ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مېنى تىللاپ يوللىغان ئۇچۇرلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالغانىدىم. ئەمما ، ئۇ قانداقلا بولمىسۇن مېنى تىللىماپتۇ. شۇڭا ، مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى تەسىرلەندىم .

مەن ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تەنقىدىي ماقالىسىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇندۇم. بۇ قانداقتۇر ئۇنىڭ قاراشلىرىغا قوشۇلغانلىقىمدىن ئەمەس بەلكى ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ ، ئۇيغۇر-خەنزۇ ئىككى مىللەتنىڭ ئۆز-ئارا چۈشەنچە ھاسىل قىلىشىغا پايدىسى تېگىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، دەپ قارىغانلىقىمدىندۇر . ئۇندىن باشقا بۇ يەنە بىر جەھەتتىن مېنىڭ تەنقىتتىن قورقمايدىغانلىقىمنى ، تەنقىتنى سەممىيلىك بىلەن قوبۇل قىلىدىغانلىقىمنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى ، پەقەت ئاجىز ئادەملەرلا تەنقىتتىن قورقىدۇ.

مەن مىللەتلەر ئارا سەممىي ، ئىلمىي تەنقىتلەرنىڭ بولۇشىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغابۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق ئەمەس بەلكى ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ قوغدىغانلىق، دەپ قارايمەن . پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن مىللەتلەر ئارا چۈشەنمەسلىك ۋەتوقۇنۇشنى ئازايتقىلى بولىدۇ ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۇلى تېخىمۇمۇستەھكەملىنىدۇ.

بۇندىن كېيىن ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ ماڭا تېخىمۇ كۆپ تەنقىت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن . بۇ مېنىڭ ئۆزۈمنى تېخىمۇ سەگەكلىك بىلەن تونۇپ ،مەسىلىلەرگە تېخىمۇ توغرا قارىشىمغا پايدىلىقتۇر ، ئەلبەتتە . سىلەرگە رەھمەت .

-« مەنپەئەت نەزەرىيىسى » نىڭ ئاپتورى ۋاڭ داخاۋ

ۋاڭ داخاۋ ئەپەندى ، ئاۋال شۇنى سەمىڭىزگە سېلىپ قويايكى ، بىزنىڭ مىللىتىمىز ئۇيغۇر (维吾尔族) دۇر .قانداقتۇر سىز ماقالىلىرىڭىزدا يازغاندەك «维族» ئەمەس. سىز ھەرقانداق بىرەر مىللەتنىڭ ئاتالمىسىغا ھۆرمەت قىلىشىڭىز كېرەك. سىز ماقالىلىرىڭىزدا «维族» دېگەن ئاتالغۇنى ئەمدى ئىشلەتمەڭ . چۈنكى، شىنجاڭدا «维族» دېگەن مىللەت يوق، پەقەت «维吾尔族» دېگەن مىللەتلا بار.

« قۇرئان » دا مۇنۇ مەزمۇندىكى بىر ئايەت ئۇزلىكسىز تەكىتلىنىدۇ : « بىز زېمىننى قەدىرلىشىمىز كېرەك .چۈنكى ، بىز زېمىننىڭ خوجايىنلىرى ئەمەس بەلكى مۇئەممىنلىرىدۇرمىز » . بۇ ئايەتنىڭ ئۆزى قىسقا بولغىنى بىلەن مەنىسى تولىمۇ چوڭقۇردۇر.بۇ خىل ھەددىدىن زىيادە كەمتەرلىك ئىدىيىسى يالغۇز ئابىدە يارىتىپلا قالماي ھەرقانداق كىشىنى شۇنداق تونۇشقا كەلتۈرمەي قالمايدۇ. بىز كېيىنكىلەرگە بۇنىڭدىنمۇ ياخشى گەپلەرنى قالدۇرمىساق ئۇلار بىزگە ۋارىسلىق قىلمايدۇ.

ئىسلام دىنى تۈرلۈك تۈمەن شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز-ئارا مۇناسىۋەت ۋە كۈللى ئالەمنىڭ بىرلىكىنى ئۈزلۈكسىز تەكىتلەيدۇ. مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشتە «ئاللاھنىڭ بىرلىكى» دىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇم ئاللاھنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ھېچقانداق نەرسىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى ھەم ئاللاھنىڭ بارلىق مەۋجۇداتلار بىلەن بىردەكلىككە ئىگە ئىكەنلىكىدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپلا قالماي يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ ياشاش پوزىتسىيىسىنى چۈشىنىشتە ناھايىتى موھىم رول ئوينايدۇ.

ئىسلام دېمەكلىك تېنىچلىق، مېھرى - مۇھەببەت دېمەكلىكتۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك دىني پائالىيىتى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھقا چوقۇنۇش، ئاللاھقا ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش ۋە ئاللاھنىڭ شاپائىتىگە جاۋاپ قايتۇرۇشنى مەخسەت قىلىدۇ . ئۇ قادىر ئاللاھقا ئاگلىق يوسۇندىكى ۋە ئۆزى خالاپ چوقۇنۇشتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. مانابۇنى چىن مەنىدىن ئادەم بولۇش ۋە كەمتەرلىك بىلەن ئىش تۇتۇش دەيمىز . يەنە كېلىپ بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا سىڭىپ كەتكەن. مەسىلەن : ئۇخلاشتىن تارتىپ ئورنىدىن تۇرۇش ، يۇيۇنۇپ-تارىنىش ، غىزالىنىش، بالىغا ئىسىم قويۇش، نىكاھ قاتارلىق بىر قاتار كۈندىلىك ئىش پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاۋال

www.kitaphumar.com

قادىر ئاللاھنىڭ شاپائىتىگە چەكسىز ھەمدۇ-سانالار ئوقۇلغاندىن كېيىن ياكى قادىر ئاللاھنىڭ نامى زىكرى قىلىنغاندىن كېيىن ئاندىن باشلىنىدۇ.

مۇسۇلمانلار ئۇچۇن ئېيتقاندا ئىسلام پەقەت بىر خىل دىنلا ئەمەس بەلكى ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش شەكلىدۇر. «قۇرئان» ۋە سەھىھ ھەدىس (پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆز ۋە ھەركەتلىرى) لەردە مۇسۇلمانلارنىڭ تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ ئۆلۈشىگىچە بولغان بارلىق كۈندىلىك ئىش-پائالىيەتلىرى - ئېلىم-سېتىم پائالىيەتلىرى ، نىكاھ مۇناسىۋەتلىرىدىن تارتىپ ھەتتا ئۇرۇش قىلىشىقىچە ھەممىسىگە ئېنىق بولغان ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە يېتەكچى ئىدىيە-پىكىرلەر بەلگۈلەپ بېرىلگەن. شۇڭا ، دىنىي ئېتىقادى بار ئادەم ( ياكى مەلۇم ئىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەم ) ئۇچۇن ئېيتقاندا ئۇنىڭ ھەق-ناھەق قارىشى ، پەلسەپىۋى قارىشى ، تۇرمۇش قارىشى ، قىممەت قارىشىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىشىنىڭ ئۆلچىمىنىڭ ھەممىسى ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىن ياكى مۇئەييەن ئىزمدىن كەلگەن بولىدۇ.

ئەمما، بۇ قانداقتۇر بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى بىدئەت غازاتچىلاردۇر، دېگەنلىك ئەمەس . خۇددى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئارزۇ-ئۈمىد ۋە تەلپۈنۈشلىرى بولىدۇ. ئەمما، ئۇلار ئىسلام شەرىئەتلىرى ۋە ئۆرۈپ-ئادەتلىرى بويىچە ئىش تۇتمىسا ئىسلامى يوسۇنلارىغا يات ئىش تۇتقانلىق ھېساپلىنىدۇ. دىن قانداقتۇر خۇراپىي نەرسە ئەمەس ،بەلكى بىر خىل ھۆرمەت تۇسىنى ئالغان تۇرمۇش شەكلىدۇر . دىن كىشىلەرنىڭ سۆز - ھەركىتىنىڭ تاپتىن چىقىپ كېتىشىنى چەكلەش، ئادەملەرنىڭ ئارزۇ- ئىستەكلىرىنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشىگە چەك قويۇش ، ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ۋە ئادەملەر بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق ئۆتۈشى جەھەتلەردە ھېچ نەرسە ئورنىنى ئالالمايدىغان روللارنى ئوينايدۇ.ئادەملەرنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنىڭ چېكى بولمايدۇ. بۇ چەكسىز ئارزۇ- ئىستەكلەرنى پەقەت چەكسىز دىنىي ئېتىقادقا تايىنىپلا قاندۇرۇش مۇمكىن.

ۋەھالەنكى، ۋاڭ داخاۋ ئەپەندى، سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە ئاللاھ ھەممىگە قادىر بولسىمۇ ئەمما، دىنىنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئېھتىيات سىزىقى بولۇشى كېرەك . سىز دەۋاتقان دىنىنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئېھتىيات سىزىقى دىن دۆلەت بىخەتەرلىكىگە خەۋىپ ئېلىپ كەلمەسلىكى ، دىن ھاكىمىيەت مۇقىملىقىغا خەۋىپ يەتكۈزمەسلىكى ، دىن قانۇن-نىزاملارغا خىلاپلىق قىلماسلىقى كېرەك؛ بولمىسا ئۇ قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت ۋە دىنىي ئاشقۇنلۇق بولۇپ قالىدىغانلىقىغا قارىتىلغان بولسا كېرەك .

ئىسلام دىنى بىر خۇدالىقنى ئاساس قىلىدىغان دىن . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر. ئۇ ئىنسانلارغا ئىسلام دىنىنى تارقاتقان.ئىسلام دىنى بىرەر مىللەتنىڭ دىنى ئەمەس ، بەلكى ئۇ پۈتۈن يەر شارىدىكى ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان دىندۇر.ھەر قانداق ئادەمنىڭ بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكى بار . « قۇرئان» دا : « دىندا مەجبۇرلاش يوق »دېيىلگەندىن باشقا يەنە « سىلەرنىڭ ئۆز ئېتىقادىڭ بار ، مېنىڭمۇ ئۆز ئېتىقادىم بار؛ شۇنىڭغا يارىشا ھەركىم قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى ۋە جازاسىنى كۆرىدۇ » دېيىلگەن .

ئىسلام دىنى تارقىلىپ ھازىرغا قەدەر 1 مىڭ 400 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتتى. ئەشۇ ئۇزۇن تارىخي مۇساپىلەر جەريانىدا ئىسلام دىنى سانسىز شانلىق مەدەنىيەتلەرنى ياراتتى . ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە غايەت زور روللارنى ئوينىدى . ئىسلام دىنى ئىنسانلار پائالىيىتىنى غايەت زور توغرا مەنىۋى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىن ئەتتى. مۇسۇلمانلار ئەڭ دەسلەپكى بىر نەچچە ئادەمدىن 1 مىڭ 400 يىلدىن ئارتۇق دىن تارقىتىش ئارقىلىق ھازىرقى 2 مىليارتقا يېقىن كۆپەيدى.

ۋاڭ داخاۋ ئەپەندى ،سىز دىنىنى چۈشىنەمسىز ؟ ئىسلام دىنىنىچۇ ؟ سىز مۇسۇلمانلارنى قانچىلىك چۈشىنىسىز ؟سىز « قۇرئان » ۋە سەھىھ ھەدىسلەرنى ئوقۇپ باققانمۇ ؟ بۇ ھەقتە قانچىلىك چۈشەنچىڭىز بار ؟ سىز ئېتىقاتنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە سېھرى كۈچىنى بىلەمسىز ؟ سىزنىڭ مەلۇم بىر خىل دىنىنىڭ خارەكتىرىنى بېكىتىشكە سالاھىيىتىڭىز توشامدۇ ؟

دۆلەت بىخەتەرلىكىگە خەۋىپ ئېلىپ كېلىدىغان ، ھاكىمىيەت مۇقىملىقىغا خەۋىپ يەتكۈزىدىغان ، كىشىلەرنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىگە خەۋىپ ئېلىپ كېلىدىغان ، قانۇن-نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىدىغان قىلمىشلار بۈگۈنكى جۇڭگودا ھەر كۈنى دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇرىۋاتىدۇ . بۇخىل قىلمىشلارنى سادىر قىلغۇچىلار ئارىسىدا خىرىستىيانلار ، بۇددىستلار ،مۇسۇلمانلار ، دىنىي تونىغا ئورىنىۋالغانلار ، ئاددىي پۇخرالار ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە دۆلەت مەمۇرلىرى ( ھەتتا پارتىيىلىك كادىرلار ۋە يۇقۇرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ) مۇ بار بولۇپ ، ئۇلار تۈرلۈك خەۋىپلىك قىلمىشلارنى سادىر قىلماقتا . ۋاڭ داخاۋ ئەپەندى ، ئەگەر ئەشۇ كىشىلەرنى سالاھىيىتى ، مىللىتى ،ئېتىقادى ۋە ئۆزى تەۋە قانۇنلۇق تەشكىلاتلىرى بويىچە ئايرىشقا توغرا كەلسە سىزنىڭ خارەكتىرىنى بېكىتىش لوگىكىڭىز بويىچە بىز ئۇلارغا قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتچىلەر ۋە

www.kitaphumar.com

ئاشـقۇنلار دەپ تـون پىچـىپ بەرسـەك بولارمـۇ ؟ شـۇنداق بولغانــدا پارتىيىنىــڭ رەھبەرلىكى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنلۇقلىقىغا شۇبھى تۇغۇلۇپ قالماسمۇ ؟ مىللەتـلەر تويىنىڭ مەۋجۇتلۇقلۇقىنىڭ قانۇنلۇقلىقىغا گۇمان تۇغۇلـۇپ قالماسـمۇ ؟ دىنىنىـڭ قانۇنلۇقلىقىمۇ گۇمان قوزغىماسـمۇ؟ سـادىغاڭ كېـتەي ، مەيلـى قانـداق پـارتىيە ـ ھۆكـۈمەت ، ئىجتىمـائىي تەشـكىلات ،جەمئىـيەت تەشـكىلى ۋە دىنىــي ئەھكـاملار بولسـۇن بۇنـداق خەۋپلىـك قىلمىشـلارغا زەربە بەرمەي قالمايـدۇ. چـۈنكى ، ئـۇ بەجايىكى مەلۇم بىر شەخىس ياكى ئىجتىمـائىي تەشـكىلات ۋە گـۇرۇھلارغىلا خـاس جىنايى قىلمىشلاردۇر ، خالاس . بىزنىڭ بۇ ئارقىلىقلا مەلۇم بىر مىللەت توپىنى ، مەلۇم ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيەنى ، مەلـۇم ھۆكـۈمەتنى ۋە مەلـۇم دىنىنـى قـارا قويۇق ئىنكار قىلىش ھەددىمىـز ئەمەس. شـۇنداق ئىـكەن ،سـىزنىڭ كۆچلـۈكلەر ئۆستۈنلۈك ئىگىلەش نەزەرىيىلىرىگىـزگە تـايىنىپلا قانۇنسـىزلىق ۋە ئاشـقۇنلۇقنىڭ خارەكتىرىنى بېكىتكىلى بولسۇنمۇ ؟

يەنە بىرى ۋاڭ داخاۋ ئەپەندى ، سىزنىڭ دىنىنىڭ خارەكتىرىنى بېكىتىدىغان ۋە دىنىنى ئەيىپلەيدىغانغا سالاھىيىتىڭىز توشمايدۇ. دىن (بولۇپمۇ ئىسلام دىنـى ) دا دۆلەت بىخەتەرلىكـگە خەۋپ ئېلـىپ كېلىـدىغان ، ھـاكىمىيەت مۇقىملىقىغـا خەۋپ يەتكۈزىـدىغان، كىشـىلەرنىڭ ھاياتـى ۋە مـال ـ مۈلكىگە خەۋپ ئېلـىپ كېلىدىغان قىلمىشلار ئەزەلدىن تەشەببۇس قىلىنغىنى يوق . دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە تېنچلىق ، خەيرى ـ ئېھسان ، مېھرىبانلىق، ھاياتلىقنى قەدىـرلەش ، ئىجتىمـائىي ئىتتىپـاقلىق ۋە دۆلەت مەنپەئەتىنــى قوغــداش مــۇقەددەس بــۇرىچ سـۈپىتىدە تەكىتلەنگەن. شەخسىي مەنپەئەتتىن غالىپ كېلىپ ، كەڭ قورساق ئـادەم بولـۇش ئەڭ بۈيۈك دىنىي ئەقىدە سۈپىتىدە شەرھىلەنگەن .

دۆلەت بىخەتەرلىكىگە خەۋپ ئېلىپ كېلىـدىغان ، ھـاكىمىيەت مۇقىملىقىغـا خەۋپ يەتكۈزىدىغان رەڭگارەڭ تەشكىلات ھەم شەخسلەر مـاھىيەت جەھەتـتىن ئاشقۇنلۇق ئىدىيەسى بولغان ياكى ھازىرقى ھاكىمىيەتنىڭ سىياسەتلىرىگە نارازى بولۇۋاتقان تەشكىلات ۋە شەخسلەردۇر . بۇنداق تەشكىلات ۋە شەخسـلەر تۈرلـۈك نىقاپلار بىلەن ئادەم تـوپلاپ ، ئاشـقۇن ئىـدىيەلەرنى تەرغىـپ قىلىـپ ، نورمـالنى جەمئىيەت تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. بۇ پەقەت ئادەملەر كەلتۈرۈپ چىقارغـان قىلمىشتۇر . قانداقتۇر دىنىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس.

ســوۋېت ئىتتىپاقىنىــڭ پارچىلىنىشــى ، يۇگۇســلاۋىيەنىڭ بۆلۈنىشــى ، مىســىردىكى ھــاكىمىيەت ئۆزگۈرىشــى ، لىــۋىيەدىكى ئىچكــي ئــۇرۇش ، ئوكرائىنادىكى داۋالغۇش ۋە ئىراق ئۇرۇشىنىڭ قايسى بىرىنىـڭ دىنىـي سـەۋەپتىن

كېلىپ چىققانلىقىنى بىلگۈچىلىكىمىز بار.دەرۋەقە بىر قىسىم دۆلەتلەردە ھەر خىل تەشكىلاتلارنىڭ دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئاشقۇنلۇق ۋە بۆلگۈنچىلىك قىلىۋاتقانلىقى راست . ئەمما ئۇ ھەرگىزمۇ بىز ئېتىقادقىلىۋاتقان دىنىي ئەقىدە ئەمەس. ئۇ دەل دىنغا ئاسىيلىق قىلىش قىلمىشىغا ياتىدۇ.

ۋاڭ داخاۋ ئەپەندى، سىزنىڭچە دىن سىياسىي ئۇقۇمكەن . ئۇنداقتا دۆلەتمۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولسىمۇ ئەمما، شەكلى، چوڭ-كىچىكلىكى، نوپۇسى، كۆلىمى ، تۈزۈلمىسى ،قانۇنى قاتارلىقلار ئوخشىمايدىغان ئابستىراكتنى سىياسىي ئۇقۇمدۇر. خەلق ( ئىرقىي پەرىق ۋە مەدەنىيەت پەرقىگە ئىگە) بولسا مۇشۇ دۆلەت ئىچىدە ياشايدىغان كونكىرتنى ئۇقۇمدۇر. ۋاڭ داخاۋ ئەپەندى ،سىزنىڭ گېپىڭىز بويىچە بولغاندا « سىياسىي » دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولۇشى كېرەككۇ دەيمەن : ھەق-ناھەق ، توغرا - خاتا مەسىلىسىدە كىم كۈچلۈك بولسا شۇنىڭ دېگىنى ھېساپ. مانا بۇ سىياسىينىڭ ماھىيىتىدۇر. چۈنكى ، ھەرقانداق سىياسىي مەجبۇرلاش خارەكتىرىنى ئالماي قالمايدۇ .

ۋەھالەنكى، سىياسىينىڭ مەجبۇرلاش خارەكتىرى ئوچۇق-ئاشكارە، ھەققانى، ئادىل بولۇشى كېرەك . بۇ خىل مەجبۇرلاشنىڭ ئىنكاسى دەل قانۇندا ئەكس ئېتىدۇ. شۇڭا، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇشى ، قانۇن مەلۇم قاتلام ياكى مىللەت توپىغا پەرىقلىق مۇئامىلە قىلماسلىقى كېرەك .

مېنىڭ سىز ئوتتۇرغا قويغان كۈچلۈكلەر ئۈستۈنلۈك ئىگىلەش نەزەرىيىسى ھەققىدىكى چۈشەنچەم مۇنداق : قۇدرەتلىكلەر ، كۈچلۈكلەر ، كۆپ سانلىقلار ، ھەلقىلغۇچ تەدبىر بەلگۈلىگۈچىلەر ، بايلىق مەنبەسى ۋە بايلىققا ئىگە بولغۇچىلار ،دۆلەت ماشىنىسىنى ئالقىنىدا پىرقىرىتىۋاتقانلار بەجايىكى كۆپلەپ مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك . توغرا بىلەن خاتانى ، ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىيدىغان ئۆلچەمنى ئۆز ئالدىغا ، ھەتتا قۇتقازغۇچى شەيقەتچىدەك ئەلپازدا تۇرۇپ بېكىتىۋېرىشى كېرەك .

ئەپسۇسكى، بۇنداق ھالەتلەرنى بىز دائىم ھايۋاناتلار دۇنياسىدىلا كۆرەتتۇق. ئاجىزلارنىڭ كۈچلۈكلەرگە يەم بولۇشى ، ئەلالىرى تاللىنىپ ماسلىشالمىغانلىرى شاللىنىشتەك بۇنداق پىرىنسىپ پەقەت ئورمانلىقلاردىلا مەۋجۇت ، دەپ قارايتتۇق.

ۋاڭ داخاۋ ئەپەندى، بىز ئادەم، ھايۋان ئەمەس. بىز ئوخشاش بىر دۆلەتنىڭ ئوخشاش بىرقانۇن رامكىسى سىستېمىسى ئىچىدە ، ئوخشاش بىر ھاكىمىيەت

www.kitaphumar.com

يۈرگۈزگۈچى پارتىيە رەھبەرلىكىدە ياشاۋاتىمىز. بۇنىڭ ئىچىدە مىللىتى ، ئېتىقادى ، مەدەنىيىتى ،تىل-يېزىقى ئوخشىمايدىغان جۇڭگولۇقلار بار . پەقەت خەنزۇلار كۆپ سانلىق بولغانلىقى ئۈچۈنلا دۆلەت ماشىنىسىنى ، ھوقۇقنى ۋە بايلىقنى ئىگىلەپ تۇرىشى؛ پەقەت كۈچلۈكلەرلا ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولۇشى كېرەكمۇ ؟ شۇنداق بولغىنىدا بۇنىڭ ئورمانلىق ۋە ياۋايى ھايۋانلاردىن نېمە پەرقى بولسۇن ؟

ۋاڭ داخاۋ ئەپەندى ، سىزنىڭ نەزەرىيىڭىز بويىچە بولغاندا ھازىرقى چېرىكلەشكەنلەرگە قارشى تۇرماستىن بەلكى ئۇلارنى مۇكاپاتلاش كېرەك بولىدىغۇ دەيمەن . چۈنكى ، چېرىكلەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى قولىدا ئەمەلىي ھوقۇقى بار ئۇستۇنلۇككە ئىگە كۈچلۈكلەردۇر. ئۇلارنىڭ قولىدىكى ھوقۇق ۋە ھەل قىلغۇچ تەدبىر بەلگۈلەش كۈچى ئۇلارنى ئەشۇنداق بايلىق مەنبەلىرى ۋە روزىغارلارغا ئىگە قىلغان. سىزنىڭ ئۇستۇنلۇك نەزەرىيىڭىز بويىچە بولغاندا ئۇلار نېمىشقا چېرىكلىشىدۇ ؟

ۋاڭ داخاۋ ئەپەندى ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامغاكىرگىنىگە 800 يىلچە بولۇپ قالدى. بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىزدىن يىگىت-ئەرلىرىمىز ئۇزۇن تونلارنى كىيىپ ، ساقال-بۇرۇت قويۇپ ؛ قىز-ئاياللىرىمىز بېشىغا رومال-ياغلىق ئارتىپ ( بەزىلىرى چۈمبەل تاقاپ ) مىللىي مەدەنىيەت يارىتىپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيادىكى ھەر قايسىمىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن.

ئۇيغۇرلار بىر مۇنەۋۋەر مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتى تەرەققىياتى جەريانىدا مەدەنىيەت بىلەن تەرەققىيات ، دىن بىلەن ئۆرۈپ-ئادەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ كەلگەن . ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئاشقۇن كۈچلەرنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغان ئەمەس . ھازىرمۇ شۇنداق ، كەلگۈسىدىمۇ ھەم شۇنداق بولىدۇ. ۋاڭ داخاۋ ئەپەندى ، سىز خۇددى ئۇيغۇرلارنى چوڭقۇر سۇ ، كۈچلۈك ئوت ئاپىتىدىن قۇتقازماقچى بولغان نىجاتكارلىق سياقىغا كىرىۋالمىغايسىز .

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ، « قۇرئان » ۋە سەھىھ ھەدىسلەر كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا چوقۇم رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قانۇن ۋە نىزامدۇر. مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى غەيرى مۇسۇلمان بولسۇن ھەر قانداق بىر شەخسنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ، تىجارەت سورۇنلىرىدا تاماكا چېكىشى ۋە ھاراق

www.kitaphumar.com

ئىچىشى مەنئىي قىلىنىدۇ. ئەمما ، بۇ خىل قىلمىش ھەرقانداق بىرەر قانۇنغا خىلاپ ئەمەس.

ھاراق ئىچمەكچى بولغان ئادەم چوقۇم شۇنداق مۇلازىمىتى بار رېستورانلارغا بېرىشى كېرەك . بۇ باشقىلارنىڭ ھوقۇقىنى ھۆرمەت قىلغانلىق ھېساپلىنىدۇ . سىزنىڭ ئەشۇ ئۇيغۇر دوستلىرىڭىزمۇ بۇنى توغرا تاللىشى كېرەك .

ساقال-بۇرۇت قويۇش ، ياغلىق-رومال ئارتىش ، چۈمبەل تاقاش ئىسلام دىنىدىكى چوقۇم قىلمىسا بولمايدىغان پەرز ئەمەس بەلكى سۈننەتتۇر. سۈننەتنى ئادا قىلىش ۋە گۈزەللىك قارىشىغا ئاساسەن بەزىلەر ياغلىق-رومال ئارتىپ ، چۈمبەل تاقىسا يەنە بەزىلەر ئۇنداق قىلمايدۇ؛ بەزىلەر ساقال-بۇرۇت قويسا يەنە بەزىلەر قويمايدۇ. بۇ پۈتۈنلەي شۇ شەخسىنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش بولۇپ ، بۇ يەردە ھېچقانداق مەجبۇرلاش مەۋجۇت ئەمەس.

ۋاڭ داخاۋ ئەپەندى، سىز ئۆزىڭىزنى تولىمۇ بىلەرمەن چاغلايدىكەنسىز . سىز چوڭ خەنزۇچىلىق ھېسسىياتىڭىز ۋە ئەلنى قۇتقازغۇچى نىجاتكارلىق پوزىتسىيىڭىز بىلەن بىر يۈرۈش ماقالىلەرنى يېزىپ باقتىڭىز . ئەشۇ ماقالىلىرىڭىزدىن سىزنىڭ ئۇيغۇرلارنى چۈشەنمەيدىغانلىقىڭىز ، ئىسلام دىنىنى تېخىمۇ چۈشەنمەيدىغانلىقىڭىز چىقىپ تۇرۇپتۇ.مەن سىزنىڭ مەنپەئەت نەزەرىيىڭىزدىكى كۆچلۈكلەر ئۈستۈنلۈك ئىگىلەشتەك ھايۋانلارغاخاس تەپەككۇر ئەندىزىسىدىن ۋاز كېچىپ ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ، زامانىۋى قانۇن تۈزۈم جەمئىيىتىگە قايتىپ كېلىشىڭىز ھەققىدە تەكلىپ بېرىمەن. سىز جاھالەت تۇمانلىرى قاپلىغان ئوتتۇرا ئەسىرگە ئەمەس بەلكى قانۇننى قورال قىلغان ھازىرقى زامان مەدەنىي جەمئىيەتكە قايتىپ كېلىپ ، مەسىلىلەرگە ئادىل ، ھەققانىي ،چۈشىنىشلىك ، كەڭ قورساقلىق ، ئىناقلىق ۋە ئىتتىپاقلىق ئۇقۇمى بويىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەيسىز.

ۋاڭ داخاۋئەپەندىن ، ئاخىردا مېنىڭ سىزدىن مۇنۇ بىر نەچچە سوئاللارنى سورىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىز :

1- ، مىللەتلەر مەسىلىسى دېگەن نېمە ؟مىللەتلەر زىددىيىتى دېگەنچۇ ؟ مىللىي زۇلۇم دېگەن نېمە ؟ ئۇلارنىڭ قانداق پەرقى بار ؟ ئۇنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك ؟

2- ،مىللەتلەر مەسىلىسى قانداقتۇر كۈچلۈكلۈك ئارقىلىق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولىۋالغۇچىلارنىڭ نەزىرىدىكىلا « مىللەتلەر مەسىلىسى» مۇ؟

3- ، نەچچەيۈز يىلدىن بۇيان بىر دۆلەتتە ئورتاق ياشاپ كېلىۋاتقان قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مەسىلىسى نېمە ئۈچۈن مىللىيلىشىپ كېتىدۇ ؟ بۇ

www.kitaphumar.com

ئۆزلۈكىدىن شۇنداق بولغانمۇ ياكى مەجبۇرىي شۇنداق بولۇنغانمۇ ؟ ئۇنىڭ يىلتىزى نەدە ؟

[ خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇغان مۇھەممەت(مەۋھۇم ئىسىم)دىن دەپ بىلگەيسىز]

&http://blog.sina.com.cn/s/blog_60f25ed70102uz4m.html